# ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر

[ئۇيغۇرچە]

# إن الدين عند الله الإسلام

[باللغة الأويغورية]


خاتىپ:سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئال تالىب

الخطيب: الشيخ صالح بن محمد آل طالب

تەرجىمە قىلغۇچى:سىراجىدىن ئەزىزى

المترجم:سراج الدين عزيزي

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر

1429/7/15 ھ / 2008- يىلى 7- ئاينىڭ 18- كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ

ئومۇمى مەزمۇنى

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرھەدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانغا:

« ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ۋەسىلە بولىشى كېرەك » دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللادىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ساماۋى دىنلار ئىچىدىكى، ئاللاھ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىراده قىلغان دىن(يەنى ئىسلام دىنى) بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ۋەسىلە بولىشى كېرەك، دۇنيادا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ نىزا، سۈركۈلۈشلەرگە سەۋەب بولماسلىقى كېرەك. ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخى پاجىئە، مۇسىبەتلەر دىنىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى، ساماۋى دىنلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئىچىدىن چىققان بىر

قىسىم رادىكال كۈچلەرنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سىياسىي ئەقىدىسى سەۋەبىدىن بولغان.

دىنلار ئارا دىئالوگ دىنلار ئارىسىدا بىرىكىش ياكى بىرلىشىپ كېتىش، يېقىنلىشىش ئەمەس بەلكى، ئىسلام ئەھلى ۋە ئەھلى كىتابلار ئوتتۇرىسىدىكى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى دىئالوگ، سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش، جەڭگى-جېدەلگە ئېلىپ بارماسلىق دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئۇ يەردە شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە، ھالقىشقا بولمايدىغان ئىشلار بار، ئۇ ھەقتە گەپ ئېچىشقىمۇ يول يوق. كىمىكى ئۆز ئەقىدىسى ۋە دىنىدىن ۋاز كېچىدىكەن، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئازابى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىمام يەنە مۇنداق دېدى: ئاللاھ ئىنسانلارنى يارىتىپ دۇنيانى گۈللەندۈرۈشنى خالىدى، ئۇلارنىڭ دۇنيانى گۈللەندۈرۈشى ئۈچۈن بارلىق كېرەكلىك ماتېرىياللارنى پەيدا قىلدى. ئىنسانلارنىڭ نەسلىنىڭ داۋاملىششىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىنسانىيەت ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد يېڭىلىنىپ ئادەم نەسلى داۋام قىلىدۇ. ھەزارەت كەتسە ئورنىغا يېڭى ھەزارەت، مەدەنىيەت كەتسە ئورنىغا يېڭى مەدەنىيەت كېلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئىرق، دىن، رەڭلەرگە ئايرىپ ياراتقان بولۇپ ئۇنىڭ ھېكمىتىنى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:« بىز سىلەرنى ھەرخىل مىللەت ۋە قەبىلىگە بۆلۈپ ياراتتۇق. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىڭلار تەقۋادارلىرىڭلاردۇر». بۇ ئاساستا بارلىق ئىنسانىيەت، مىللەتلەر، ئۇممەتلەر، ئۆرپ-ئادەتلەر، دىنلار، مەزھەپ، ئېقىملار بولسىمۇ ھەممىسىنىڭ نەسەبى ئادەمگە مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ دىندارلىقتىكى

ئەسلى مەنبەسى تەۋھىدتىن ئىبارەتتۇر. لېكىن ئۇلار كېيىن ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپكەتكەن.

ئاللاھ تارىختىن بېرى قانچىلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن بولسا ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت تەۋھىدگە چاقىرغان.ئەمما ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت-تۈزۈملىرىدە ئوخشاش بولمىغان. بۇنىڭ ھېكمىتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ خاتىمە قىلىپ ئەۋەتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام شەرىئىتى بولۇپ، بۇ تا قىيامەتكە قەدەر ئۆزگەرمەيدۇ. بەلكى ئاللاھ بارلىق ئىنسانىيەتنى بۇ شەرىئەتكە بويسۇنۇشقا چاقىرغان. ئاللاھ بۇ شەرىئىتى مۇھەممەدىيەدە ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ياخشىلىقى، قانۇن تۈزۈملەرنىڭ ھەممىنى توپلاپ دۇنيانىڭ تۈگەنچىسى بولغان قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەس ھالدا مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « بۈگۈن سىلەرگە دىنىڭلارنى تولۇقلاپ بەردىم، نېمىتىمنى مۇكەممەل قىلدىم، ئىسلامنى سىلەر ئۈچۈن توغرا دىن قىلىپ بەردىم ۋە رازى بولدۇم».

قۇرئان كەرىمگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئەھلى كىتابلار، باشقا دىندىكىلەرگە نۇرغۇن ئورۇنلاردا خىتاب قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاللاھ ئەھلى كىتابلارغا: ئى ئەھلى كىتاب دېيىش ئارقىلىق خىتاب، دېئالوگ ئۇسۇلىنى بىز مۇسۇلمانلارغا ئۆگەتتى. قۇرئان كەرىم خىتاب قىلىنغۇچى مۇخاتەب كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەقلىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. چىرايلىقچە خىتاب قىلدى، ئازار قىلمىدى. ھەتتاكى ئەقىدىسىگىمۇ ھۇجۇم قىلمىدى.

بىز ھازىر ئەخلاق پىرىنسىپى ئۈستىدىن، ماددى كۈچ غالىب كېلىۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. يەنىلا كۈچلۈكلەر ئۆزىنىڭ سۈركۈلۈشلىرىدە دىنىنى كوزىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. خۇددى ئۇلار دىنىنىڭ ئەسلى مەنبىيى بىر ئەمەستەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئۇتۇقچىلىقلىرى ئوتتۇرىدىن غايىپ بولۇپ، ھەرخىل خىرىسلارغا ئۇچراپ كەلمەكتە. بەزىدە دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىسا بەزىدە ئۆز ئېتىقادچىلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ ۋە ئوبرازى خۇنۇكلاشتۇرۇلىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىچىدىن قۇدرىتى بارلار بارلىق مەيدانلاردا دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى، باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىشى كېرەك. ئىككى ھەرەم خادىمى تەتقىقاتچى، مۇتەپەككۇر ئالىملارغا قىلغان تەۋسىيىسىدە؛ ئىنسانىيەت دىنى، دىنىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىستىمەيدىغان ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ جاھىللاردىن ئەمەس، بەلكى، دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلگەن ئالىملار، ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ئېلىشى لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلدى.

ئاخىردا ئالل‍اھ بارلىق ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاپ، ھىدايەت قىلسۇن، ھىدايەت تاپقانلارنى ئازدۇرمىسۇن ئامىن!